# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاي
25
پەيشەنبە
维吾尔文 3 月25日
25371 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


مەركىزىي كومىتېت بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

# باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** بىقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سىجىل ئەلالاشتۇرۇلۇپ، باج تاپشۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە باج ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، قولايلاشتۇرۇش، دەل جايىدىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. باج ئىشلىرى سايەسىدىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باج ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، ھازىر باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا تۆۋەندىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق:

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېتەكچى ئىدىيە: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلار،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى بۈگۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى.




پائالىيەت بەلگىسى پارتىيە گېربى، «100»، «1921»، «2021» دېگەن رەقەم ۋە نۇر سىزىقلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان 100 يىللىق شانلىق مۇساپىسى جانلىق نامايان قىلىنغان. «100» رەقىمى بەلگىنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ھاسىل قىلغان، «1» رەقىمى 100 گرادۇسلۇق كۆرۈش بۇلۇڭى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى بەلگىسىنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشى

بۇ بەلگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ بىردىنبىر بېكىتىلگەن بەلگىسى.

**بىرىنچى، ئىشلىتىش دائىرىسى**

1. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم باشقا ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

2. تەبرىكلەش پائالىيىتى مۇھىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەكلىپنامە، كىنىشكا، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار، يوقلىما ئىمزا خاتىرىسى قاتارلىق بۇيۇملارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3. ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش تاختىسى، بەلگە تاختىسى، رەڭلىك بايراق، ئاپتاپ توسۇش كۈنلۈكى، ئاپتاپ توسۇش شەپكىسى، قول سومكىسى، مەدەنىيەت مايكىسى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

4. ئاخبارات خەۋەرلىرى مەخسۇس تېمىسى، مەخسۇس ئىستونى، مەخسۇس تېمىلىق تور بېتى ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى، تەشۋىقات ۋەرەقىسى، تەشۋىقات لوزۇنكىسى، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئېلانى، ئېلان ـ تەشۋىقات رەسىملىرى قاتارلىقلارنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

5. تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆزىنىكى، ۋاقىتلىق چاپلاق، مەيدە كارتىسى، يەڭ بەلگىسى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىپ، ئاممىنىڭ تاقىشى، خاتىرە قالدۇرۇشى ئۈچۈن تەمىنلىنىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى  چۈ چىڭشەن لېكسىيە دوكلاتى بەردى

## شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلدۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى چۈ چىڭشەن لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلەمجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، چۈ چىڭشەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى سىستېمىلىق يىغىنچاقلاپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئەستايىدىل تەشكىللەش، ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تارىخىي قانۇنىيەتنى تونۇپ، تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى ئىگىلەپ، يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق كۈرەش قىلىش شانلىق مۇساپىسى ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپىسى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ چۈشەندۈردى، ھەم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىش، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن سىستېمىلىق يېشىپ چۈشەندۈردى. دوكلاتنىڭ باش تېمىسى روشەن، مەزمۇنى مول، ئېنىق، ئەتراپلىق، چۈشەندۈرۈلۈشى تەلتۆكۈس بولۇپ، ھەم نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە، ھەم پۈتۈن ۋەزىيەت نەزەرىگە ئىگە، ھەم تارىخىي چوڭقۇرلۇق تۇيغۇسىغا، ھەم رېئال قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلار ئۈچۈن بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرس، پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى دەرسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇچۇق دەرسى بولدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەۋقەنى پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تارىخىي يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسى تەۋەسىدە 5.4 بال يەر تەۋرىدى

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تېزدىن يولغا قويۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىش ۋە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 5تىن 14 مىنۇتلار ئۆتكەندە، شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسى تەۋەسىدە 5.4 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شىمالىي كەڭلىك 41.70 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81.11 گرادۇستا بولۇپ، باي ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 64 كىلومېتىر، ئونسۇ ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 86 كىلومېتىر كېلىدۇ، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئون كىلومېتىر. 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 13تىن 30 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر، يەر تەۋرەشتە ئۈچ ئادەم قازا قىلدى، 65 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يەر تەۋرەش ئىستانسىسى تورى خاتىرىلىگەن قالدۇق يەر تەۋرەش جەمئىي ئون قېتىمغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تەۋرەش دەرىجىسى 3.4 بال بولدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جاۋ كېجى شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جاۋ كېجى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرەشىدىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى مەھكەم چىڭىتىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا، ياخشى تۇتۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئالدىنقى ئىككى ئايدا كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 19.6% ئاشتى

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلدۇ: ئالدىنقى ئىككى ئايدا، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىدا «ئىشنى ياخشى باشلاش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 19.6% ئېشىپ، يېقىنقى 15 يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە يەتتى.

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى پايدىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىشى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، توك، نېفىت، گاز،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 24 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ نا** خەۋەر قىلدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق يىغىنى 1 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 53 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

ئاپتونوم رايونىمىز 2021 ـ يىللىق قىسىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى

3 ـ بەتتە

# پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە بىر قېتىملىق جانلىق دەرس

—— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئامما ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ ھەمتۆرتكە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **جاڭ يەنفاڭ، ۋاڭ يۈجاۋ**

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەر، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىڭدې يولىغا جايلاشقان ماۋ زېمىننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى جىمجىت ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، مەركەز پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى چۈ چىڭشەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تيەن ۋېننىڭ ھەمراھلىقىدا، ماۋ زېمىننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ كۈرەش قىلىش مۇساپىسىنى ئەسلىدى.

ئەسلىي تۇرالغۇدىكى ھەربىر پارچە كونا سۈرەت، ھەربىر قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيالدا ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىننىڭ شانلىق ھاياتى خاتىرىلەنگەنىدى. «ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىن شىنجاڭدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)